# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېت خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارارى

**(2021 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى تەستىقلىدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارارى

**(2021 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى مۇئاۋىن رەئىس گۇ شېڭزۇنىڭ سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالىدىن دوكلاتنى تەستىقلىدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى تەكلىپ كومىتېتىنىڭ سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىدىكى تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى

**(2021 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى مەزگىلىدە، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى چۆرىدەپ، تەكلىپ ئارقىلىق پائال چارە - تەدبىر كۆرسەتتى، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سائەت 20گىچە، جەمئىي 5913 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇۋېلىندى. «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ تەكلىپ خىزمىتى نىزامى» ھەم تەكلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى تەپسىلىي قائىدىسىگە ئاساسەن، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تۇرغۇزۇلغان تەكلىپ 4940 پارچە، قوشۇپ بىر تەرەپ قىلىنغان تەكلىپ 127 پارچە، پىكىر ۋە تەۋسىيەگە ئۆزگەرتىلگەن تەكلىپ 846 پارچە.

تۇرغۇزۇلغان تەكلىپلەر ئىچىدە، ئەزالار يەككە ياكى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ سۇنغان تەكلىپ 4454 پارچە بولۇپ، %90.2نى ئىگىلىدى؛ ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە ساھە، ئەزالار گۇرۇپپىلىرى قاتارلىقلار ئورتاق قويغان تەكلىپ 486 پارچە بولۇپ، %9.8نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئائىت تەكلىپ 1820 پارچە بولۇپ، %36.8نى ئىگىلىدى؛ سىياسىي قۇرۇلۇشقا ئائىت تەكلىپ 312 پارچە بولۇپ، %6.3نى ئىگىلىدى؛ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت تەكلىپ 312 پارچە بولۇپ، %6.3نى ئىگىلىدى؛ جەمئىيەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت تەكلىپ 1808 پارچە بولۇپ، %36.6نى ئىگىلىدى؛ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا ئائىت تەكلىپ 468 پارچە بولۇپ، %9.5نى ئىگىلىدى؛ باشقا تەرەپلەردىكى تەكلىپ 220 پارچە بولۇپ، %4.5نى ئىگىلىدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندىكى تەكلىپلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: بىرىنچى، ئەزالارنىڭ تەكلىپ ئارقىلىق كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ چارە - تەدبىر كۆرسىتىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى بولدى. سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى تولۇق نامايان قىلىندى. جەمئىي 1959 ئەزا تەكلىپ سۇنغان بولۇپ، ئەزالار ئومۇمىي سانىنىڭ %90.7نى ئىگىلىدى؛ بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ سۇنغان تەكلىپلەر كۆپىيىپ، تەكلىپ ئومۇمىي سانىنىڭ %15.2نى ئىگىلىدى. ئىككىنچى، تەكلىپلەرنىڭ مەزمۇنىدا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتى، خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەر چىڭ كۆزلەندى. «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، پەن - تېخنىكىدا ئۆزگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىقلار چۆرىدىلىپ 2558 پارچە تەكلىپ سۇنۇلۇپ، تەكلىپ ئومۇمىي سانىنىڭ %43.3نى ئىگىلىدى. نۇرغۇن ئەزا يەنە دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، «شىائىگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش» پرىنسىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپ بەردى. ئۈچىنچى، تەكلىپلەردە مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇلدى، سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى. ئەزالار سۈپەت ئېڭى ۋە سەر خىل بولۇش ئېڭىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەكلىپ تېمىلىرىنى تاللاشتا دىققىتىنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈردى، تەۋسىيەلەرنىڭ قاراتمىلىقى ۋە مەشغۇلاتچانلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى.

يىغىن يېپىلغاندىن كېيىن، تەكلىپلەر بېجىرگۈچى ئورۇنلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىنىڭ تەكلىپ تاپشۇرۇش ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تاپشۇرۇۋېلىنغان تەكلىپلەر تەكشۈرۈپ تەكلىپ قىلىپ تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، يىغىن يېپىق مەزگىلىدىكى تەكلىپلەر قاتارىدا بېجىرگۈچى ئورۇنلارنىڭ بېجىرىشىگە ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىقىشىڭلارنى سورايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى

**(2021 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى 2021 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبىرىي يولداشلىرى يىغىنغا قاتنىشىپ، ئەزالار بىلەن بىللە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئورتاق كېڭەشتى. يىغىن رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلىدى، مۇئاۋىن رەئىس گۇ شېڭزۇ بەرگەن تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالىدىن دوكلاتنى قاراپ چىقىپ تەستىقلىدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىدىكى تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ماقۇللىدى. ئەزالار 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، زۇڭلى لى كېچياڭ بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى ئاڭلىدى ھەم مۇزاكىرە قىلدى، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلدى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات قاتارلىقلارنى ئاڭلاپ ھەم مۇزاكىرە قىلىپ، قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم پىكىر - تەكلىپ بەردى. ئەزالار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شىائىگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارنى بىردەك قۇۋۋەتلىدى ھەم قەتئىي قوللىدى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: 2020 - يىلى يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت، ۋەزىپە، مىسلىسىز خەۋپ - خەتەر، خىرىس ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، بىر نىيەتتە كۈچەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، «13 - بەش يىل»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «14 - بەش يىل»نى ئومۇميۈزلۈك پىلانلاپ، خەلق رازى بولىدىغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ سەھىپىسىگە يېزىشقا بولىدىغان يېڭى شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتتى. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدەپ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل تولۇق ئادا قىلىپ، پائال تۆھپە قوشتى. كۈرەش قىلىش مۇساپىسى جاپا - مۇشەققەتكە تولغان بولۇپ، چۈشىنىش ۋە ئورتاق تونۇش ئىنتايىن قىممەتلىك. ئەمەلىيەت شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى بارلىق خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى، جەزمەن سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمىز، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارىمىز، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ھەققىي ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىشىمىز، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىشىمىز، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ تېببىي دورا - سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالارنىڭ بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، ساغلام جۇڭگو ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىش، ئەلا سۈپەتلىك، تەكشى بولغان ئاساسىي ئاممىۋى مائارىپ مۇلازىمەت سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسى قۇرۇش، دۆلىتىمىز ئاياللار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك، دەپ تەكىتلەپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى، بۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشتە مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، جەزمەن ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، خىزمەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: 2021 - يىلى «14 - بەش يىل» باشلانغان يىل. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە - تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشكە قوش يۆنىلىشلىك كۈچەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم مەسىلىلەر ۋە ئاممىنى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ كېڭىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەدە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا مۇلازىمەت قىلىپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنى كۈتىۋېلىنىدۇ. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي كېڭىشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان «تۆت تارىخ»نى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىپ، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاپ، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئۆگىنىش جەريانىنى پارتىيەنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش، ئىدىيەۋى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەش جەريانىغا ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى راۋاجلاندۇرۇش، «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نى ئېچىشنىڭ مۇھىم تۈزۈم لايىھەسى ۋە ئۆزگىچە ئىدارە قىلىش سۈپىسى. «ئىككى چوڭ ۋەزىيەت»نى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كېڭىشىش قائىدىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كېڭىشىش مەدەنىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ، كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، كېڭىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە سىرتىدىكى ۋەكىللىك زاتلارنى ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتىن يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ماھىر بولۇپ، ئەزالارنىڭ كەسپىي پىكىرىنى سىياسەت تاللاش تۈرىگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ساھە، ئاممىغا يۈزلىنىپ تەلەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىنى مۇجەسسەملەيدىغان، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەيدىغان كۆۋرۈك، ۋاستە بولۇشقا ماھىر بولۇپ، تۈپ مەنپەئەتنىڭ بىردەكلىكى بىلەن ئەقىل - پاراسەت كۆچىنىڭ كەڭ دائىرىلىك بولۇشىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىش بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىشنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ ياخشى ھالدا خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار، ئاز سانلىق مىللەت زاتلار، دىن ساھەسىدىكى زاتلار، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلار، يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار قاتارلىقلار بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇشنى قويۇقلاشتۇرۇش، شىائىگاڭلىق قېرىنداشلار، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش كېرەك. «شىائىگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش» پرىنسىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي قوللاپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. بىر جۇڭگو پرىنسىپى ۋە «92 - يىلدىكى ئورتاق تونۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىشى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىدىن يۈكسەك ھوشيار بولۇش ۋە ئۇنى قەتئىي توسۇش كېرەك. تاشقى ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق چاقىرىق قىلىندى: خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى، ھەرقايسى قاتناشقان ئورۇنلار ۋە كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەزىيەتكە تايىنىپ ئىلگىرىلەپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشى كېرەك!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى)**